# شى جىنپىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا كورېيە زۇڭتۇڭى، بېلارۇسىيە زۇڭتۇڭى بىلەن تېلېفونلاشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى گىرەلىشىپ، خەلقئارا ۋە رايون ۋەزىيىتىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولدى. جۇڭگو ـ كورېيە ئىككى دۆلەت جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، قول تۇتۇشۇپ تىرىشىپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقتا مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى، بولۇپمۇ ئىككى تەرەپ ئۈنۈملۈك تۈزۈم خاراكتېرلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ھەمكارلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۈلگىسىنى تىكلەپ، جۇڭگو ـ كورېيە ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يۇقىرى سەۋىيەسىنى تولۇق نامايان قىلدى. ئىككى تەرەپ بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش ـ بىرلىشىپ تىزگىنلەش ھەمكارلىق مېخانىزمى ۋە «تېز، قولاي يول»دىن داۋاملىق ياخشى پايدىلىنىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلىشى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا مۇلازىمەت قىلىپ، رايون ۋە خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىغا كۈچ قوشۇشى كېرەك. كېلەر يىلى جۇڭگو ـ كورېيە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 30 يىللىقى، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى تەرەققىياتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ يېڭى پۇرسىتىگە دۇچ كېلىدۇ. مەن سىز بىلەن بىللە جۇڭگو ـ كورېيە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش يىلىنىڭ رەسمىي باشلانغانلىقىنى جاكارلاشنى خالايمەن. ئىككى تەرەپنىڭ جۇڭگو ـ كورېيە مۇناسىۋىتى كەلگۈسى تەرەققىيات كومىتېتى سۇپىسىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ 30 يىللىق تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى ئەسلەپ، خۇلاسىلەپ، كەلگۈسى تەرەققىياتنى پىلانلاپ، خەلقنىڭ دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭگو ـ كورېيە ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو بىلەن كورېيە ئۆزئارا مۇھىم ھەمكارلىق ھەمراھلىرى. بۇلتۇر ئىككى دۆلەت سودىسى ئوڭۇشسىز ۋەزىيەتتە ئېشىپ، جۇڭگو ـ كورېيە ھەمكارلىقىنىڭ بىر ـ بىرىنى تولۇقلاشچانلىقى ۋە غايەت زور يوشۇرۇن كۈچىنى دەلىللىدى. ئىككى تەرەپنىڭ بىزنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى تېزلىتىش، نۇقتىلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدا ھاسىل قىلغان ئورتاق تونۇشىمىزنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمكارلىقنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك يۇغۇرما تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىشنى ئۈمىد قىلىمەن. جۇڭگو ـ كورېيە ئەركىن سودا كېلىشىمىنىڭ 2 ـ باسقۇچلۇق سۆھبىتىنى تېز تاماملاپ، «رايون ئومۇميۈزلۈك ئىقتىسادىي ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى كېلىشىمى»نىڭ بالدۇرراق كۈچكە ئىگە بولۇشى ۋە جۇڭگو ـ ياپونىيە ـ كورېيە ئەركىن سودا رايونى قۇرۇلۇشىنىڭ تېز ئېلىپ بېرىلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. جۇڭگو تەرەپ كورېيە تەرەپ بىلەن خەلقئارا ئىشلاردىكى ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، كۆپ تەرەپچىللىك ۋە ئەركىن سودىنى قوغداشقا ئورتاق كۈچ چىقىرىشنى خالايدۇ.

ۋېن زەيىن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى كۈتۈۋالغانلىقىنى چىن كۆڭلۈمدىن تەبرىكلەيمەن. رەئىس شى جىنپىڭنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ، پۈتۈن يەر شارىدىكى ئاساسلىق ئىقتىسادىي گەۋدىلەر ئىچىدە ئىقتىسادنىڭ مۇسبەت ئېشىشىنى ئىشقا ئاشۇرغان بىردىنبىر دۆلەتكە ئايلاندى، جۇڭگونىڭ خەلقئارادىكى ئورنى ۋە تەسىرى كۈنسېرى كۈچەيدى، ئىككىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا قاراپ مۇھىم قەدەم تاشلىدى. مەن پات ئارىدىكى كورېيە بىلەن جۇڭگونىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىش پەيتىدە، سىز بىلەن بىرلىكتە كورېيە ـ جۇڭگو مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش يىلىنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلايدىغانلىقىمدىن ناھايىتى خۇشالمەن. كورېيە ـ جۇڭگو ئىككى دۆلەت يۇقۇمغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇش ئارقىلىق، دوستلۇق ۋە ئۆزئارا ئىشىنىشنى كۈچەيتتى. كورېيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن قويۇق ئالاقىلىشىپ، ئاۋامنىڭ دوستلۇقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش، ئىقتىساد ـ سودا، مەدەنىيەت، مائارىپ قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىشنى خالايدۇ. كورېيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ يەر شارىۋى كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش مەسىلىسىدە جارى قىلدۇرغان رەھبەرلىك كۈچىنى ئالقىشلايدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن كىلىمات ئۆزگىرىشى، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قاتارلىق مەسىلىلەردە پىكىر ئالماشتۇرۇش، ماسلىشىشنى ساقلاشنى خالايدۇ.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى كەچتە بېلارۇسىيە زۇڭتۇڭى لۇكاشېنكو بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو ـ بېلارۇسىيە ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن بۇيان، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندى. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ پۈتۈن يەر شارىدا كەڭ تارقىلىشى ئالدىدا، ئىككى تەرەپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە زىچ ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئەمەلىي ھەمكارلىقتا مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەشتەك ياخشى ۋەزىيەتنى ساقلىدى. بۇ يىل جۇڭگو «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى يولغا قويغان باشلىنىش يىلى، جۇڭگو يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىدە ئالغا سىلجىتىپ، بېلارۇسىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنى تېخىمۇ كۆپ تەرەققىيات پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەپ، تېخىمۇ كەڭ ھەمكارلىق بوشلۇقى ئاچىدۇ. ئىككى تەرەپ «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش ھەمكارلىقىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، جۇڭگو ـ بېلارۇسىيە سانائەت باغچىسى قۇرۇلۇشىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش، ئىقتىساد ـ سودا، مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت، يەرلىك قاتارلىق ساھەلەردە تېخىمۇ كۆپ ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇشى كېرەك. مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئىككى تەرەپ ئۆزئارا ئىشىنىش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش روھىغا ئەمەل قىلساقلا، جۇڭگو ـ بېلارۇسىيە ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى چوقۇم تېخىمۇ زور تەرەققىياتقا ئېرىشىدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو تەرەپ بېلارۇسىيەنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان تەرەققىيات يولىدا مېڭىشىنى قوللايدۇ، بېلارۇسىيەنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقى ۋە جەمئىيىتىنىڭ خاتىرجەملىكىنى ساقلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، بېلارۇسىيە تەرەپنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا قۇربىنىڭ يېتىشىچە ياردەم بېرىشنى خالايدۇ. ئىككى تەرەپ داۋاملىق بىر ـ بىرىنى قوللاپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى قوغدىشى، خەلقئارا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى قوغدىشى كېرەك.

لۇكاشېنكو مۇنۇلارنى بىلدۈردى: مەن جۇڭگو تەرەپنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە ئايىنى چارلاش قۇرۇلۇشى جەھەتتە كۆرۈنەرلىك مۇھىم، زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىگە چىن قەلبىمدىن قايىلمەن ۋە قىزغىن تەبرىكلەيمەن. جۇڭگو تەرەپنىڭ بېلارۇسىيەنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشى ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى قىممەتلىك مەدەت بىلەن تەمىنلىگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىمەن. بېلارۇسىيە ـ جۇڭگو ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلار، بېلارۇسىيە تەرەپ شياڭگاڭ، تەيۋەن، شىنجاڭ قاتارلىق جۇڭگو تەرەپنىڭ يادرولۇق مەنپەئەتىگە ئالاقىدار مەسىلىلەردە قەتئىي ھالدا جۇڭگو تەرەپتە تۇرۇپ، سىرتنىڭ بارلىق ئارىلىشىشىغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. بېلارۇسىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش ۋە بېلارۇسىيە ـ جۇڭگو سانائەت باغچىسى قۇرۇلۇشىنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، ئىقتىساد ـ سودا، يەرلىك قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى خالايدۇ. جۇڭگو خەلقىنىڭ چاغىنىنىڭ خۇشال ـ خۇرام ئۆتۈشىگە، گۈللىنىشى، ئامان ـ ئېسەن بولۇشىغا تىلەكداشمەن.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مەنزىرە باغلىقىنىڭ چىنلىقى ۋە مۇكەممەللىكىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىماسلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، رايون ئالاھىدىلىكى روشەن، ئىقتىدارى مۇكەممەل، ئەسلىھەلىرى ئىلغار، مۇلازىمىتى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان، گېئولوگىيە ئىلمى بويىچە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش، ساياھەت ـ ئېكسكۇرسىيە بىر گەۋدىلەشكەن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك داڭلىق مەنزىرە رايونى بەرپا قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ھاۋارايىغا سۈنئىي تەسىر كۆرسىتىش خىزمىتى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا مۇلازىمەت قىلىش، ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەت زىيىنىنى ئازايتىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشنى قوللاش، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىغا كۈچ قوشۇش ۋە مۇھىم، زور پائالىيەتلەرگە كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ھاۋارايىغا سۈنئىي تەسىر كۆرسىتىش خىزمىتىنىڭ ئۇل خاراكتېرلىك، ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق ئورنىنى دەل جايىدا ئىگىلەپ، تۈزۈلمە ـ مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىقتىدار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پەن ـ تېخنىكىدا يېتەكچىلىك يارىتىشنى تېزلىتىپ، ھاۋارايىغا سۈنئىي تەسىر كۆرسىتىش مەشغۇلات ئىقتىدارى ۋە باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىپ، ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەت زىيىنىنى ئازايتىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، دۆلەتنىڭ مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشنى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ بىخەتەرلىكى، بەخت ـ سائادىتىنى پۇختا كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئۈزۈم ھارىقى كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ خاس ئەۋزەل كەسپىنى بەرپا قىلىش شىنجاڭنىڭ سېلىشتۇرما ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە كۈچ قوشۇش، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا رېئال ئەھمىيەتكە ۋە ئۇزاق ئەھمىيەتكە ئىگە. «رايون سۈپەتلىك ماركىسى تۈرتكە بولۇش، باشلامچى كارخانىلار تىرەك بولۇش، خاس ھاراقچىلىق كارخانىلىرى ماسلىشىش» تەرەققىيات پىكىر يولى بويىچە، كەسىپنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتى ۋە توپلىشىپ تەرەققىي قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى يۆنىلىش قىلىپ، خام ئەشيانى بازىلاشتۇرۇش، ئۆلچەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ۋە باشلامچى كارخانىنى زورايتىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، كەسىپ رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇشنى يادرو قىلىپ، دۆلەت ئىچى ئىستېمال بازىرىنى زور كۈچ بىلەن ئېچىپ، كەسىپنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسى ۋە كەسىپ ئارقىلىق ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئۈزۈم ھارىقى كەسپىنى بىرقەدەر كۈچلۈك خەلقئارا تەسىر كۈچى ۋە رىقابەت كۈچىگە ئىگە خاس ئەۋزەل كەسىپ قىلىپ بەرپا قىلىپ، شىنجاڭنى يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغىدىكى ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى دەرىجىلىك ئۈزۈم ھارىقى يادرولۇق ئىشلەپچىقىرىش رايونىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا قارارلار تەتقىق قىلىندى.

---

# سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، سىياسىي ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈپ، خەلققە بولغان مېھىر ـ مۇھەببەتنى چىڭ ساقلاپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىيات يېڭى ۋەزىيىتى ئارقىلىق پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مەخسۇس كۆزىتىشى بويىچە «قايتا قاراپ چىقىش»تا قايتما ئىنكاس قىلىنغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنىڭ تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىندى. چېن چۇەنگو ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتى بەنزىسىگە ۋاكالىتەن سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، دائىمىي كومىتېت بەنزىسى ئەزالىرى بىر ـ بىرلەپ ئۆزىنى سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈپ سۆز قىلدى. كۆپچىلىك مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنى ئۆلچەم خادىسى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆزىگە تەتبىقلاش، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتكە تەتبىقلاش، خىزمەتكە تەتبىقلاشتا چىڭ تۇرۇپ، پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىپ، مەسىلىگە بىۋاسىتە يۈزلىنىپ، تەنقىد ۋە ئۆزىنى ئۆزى تەنقىد قىلىشنى سەمىمىيلىك بىلەن قانات يايدۇرۇپ، مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ ئوتتۇرىغا قويۇشتا يوشۇرماي، ئۆزئارا تەنقىد قىلىشتا ئۆتكۈر سۆزلەرنى قىلىپ، تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا ھەقىقىي ئەھۋالنى چىقىش قىلىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يادرولۇق ئورنىنى قەتئىي قوغداش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى ۋە مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى قەتئىي قوغداش ئىدىيە ئاڭلىقلىقى، سىياسىي ئاڭلىقلىقى، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىشەنچى، ئىرادىسىنى تېخىمۇ چىڭىتتى.

چېن چۇەنگو خۇلاسە سۆزى قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى، يېزا خىزمىتى يىغىنى، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك ئىشلاردا جاسارەت بىلەن يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.

بىرىنچىدىن، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، سىياسىي يۆنىلىشنى پۇختا ئىگىلەش كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى بىرىنچى دەرىجىلىك مۇھىم ئىش ۋە باش سىياسىي ۋەزىپە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، لېكسىيە سۆزلەش، تەربىيەلەش، ئومۇملاشتۇرۇش، تەتقىق قىلىش ـ مۇھاكىمە قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى دائىملاشتۇرۇپ قانات يايدۇرۇپ، ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشكە كۈچەپ كۈچ سەرپ قىلىپ، نەزەرىيەۋى ساپا، سىياسىي ساپانى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە پارتىيەۋىلىكنى چېنىقتۇرۇش، پەزىلەتنى تاۋلاش ئارقىلىق، تىرىشىپ ئىدىيە ئۇلۇغ كۈچىنى ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشتىكى ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈمگە ئايلاندۇرۇپ، باشتىن ـ ئاخىر باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆرسىتىپ بەرگەن توغرا سىياسىي يۆنىلىشنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلەش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، پارتىيەۋىلىك جەھەتتە تەربىيەلىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، سىياسىي ئاڭنى كۈچەيتىش كېرەك. بايرىقى روشەن ھالدا سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، مەسىلىلەرنى سىياسىي جەھەتتىن كۆزىتىش ۋە بىر تەرەپ قىلىشقا ماھىر بولۇپ، سىياسىي ئاڭنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، سىياسىي ئىرادىنى ساقلاپ، سىياسىي يۆنىلىشنى ئىگىلەپ، سىياسىي مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، سىياسىي ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈپ، باشتىن ـ ئاخىر پارتىيە بايرىقىنى بايراق قىلىش، پارتىيەنىڭ يۆنىلىشىنى يۆنىلىش قىلىش، پارتىيەنىڭ ئىرادىسىنى ئىرادە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، باشتىن ـ ئاخىر ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، بارلىق ھەرىكەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقى ۋە قوماندانلىقىغا بويسۇنۇش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، سىياسىي چوڭ ۋەزىيەتنى ئىگىلەش، سىياسىي ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ھەقىقىي تۈردە سىياسىي ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈشنى تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈپ، ئاڭلىق ھالدا چوڭ ۋەزىيەت ئاساسىدا پىكىر يۈرگۈزۈپ، چوڭ ۋەزىيەت ئاساسىدا ھەرىكەتكە كېلىپ، سىياسىي مەيداندىن تەۋرەنمەسلىك، سىياسىي يۆنىلىشتىن چەتنىمەسلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش؛ سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشنى سىياسىي قۇرۇلۇشتىكى تۈپ مەسىلە ۋە باش ۋەزىپە قىلىپ، باشتىن ـ ئاخىر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى كۆرسىتىپ بەرگەن سىياسىي يۆنىلىش، بېكىتىپ بەرگەن ئالغا ئىلگىرىلەش لۇشيەنى بويىچە خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش؛ سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈپ، سىياسىي جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ روھىنى پارتىيە رەھبەرلىكى، پارتىيە قۇرۇلۇشى ھەممە مۇقىملىق، تەرەققىيات، ئىسلاھاتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەردە نامايان قىلىپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى كەم ـ كوتىسىز، دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، مەسئۇلىيەت ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش، سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. مەسئۇلىيەتنى قەلبكە پۈكۈش، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشنى ھەرىكەتتە كۆرسىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، كۈچلۈك سىياسىي مەسئۇلىيەت بىلەن جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىنى ساقلاش، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشقا كۈچەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش، كۈچەيتىش، دىنلارنىڭ ئېجىل ـ ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش، شىنجاڭ ھېكايىسىنى كۆپ قاتلاملىق، ھەر تەرەپلىمە، ئىستېرېئولۇق ياخشى سۆزلەش، بىڭتۇەننىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە جەنۇبقا قاراپ تەرەققىي قىلىشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللاش، تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش ئارقىلىق، شىنجاڭ خىزمىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك.

بەشىنچىدىن، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، ئىستىل دۇرۇس، كەيپىيات توغرا سىياسىي ئېكولوگىيە يارىتىش كېرەك. پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلىپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي ئىنتىزام ۋە سىياسىي قائىدىگە قاتتىق رىئايە قىلىپ، ھەر ۋاقىت ئۆزىنى قەدىرلەپ، ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىپ، ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۆزىنى رىغبەتلەندۈرۈپ، يالغۇز تۇرغاندا ئېھتىياتچان بولۇش، باشلىنىشتا ئېھتىياتچان بولۇش، كىچىك ئىشلاردا ئېھتىياتچان بولۇش، دوست تۇتۇشتا ئېھتىياتچان بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش؛ دېلو ئارقىلىق ئىبرەت قىلىش، دېلو ئارقىلىق تەربىيەنى ئىلگىرى سۈرۈش، دېلو ئارقىلىق تۈزىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، دېلو ئارقىلىق مېخانىزم ئورنىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش خىزمىتىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى ۋە ھوقۇق قارىشى، مەرتىۋە قارىشى، مەنپەئەت قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش؛ يۈكسەك سىياسىي ئاڭلىقلىق بىلەن پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىشنى بوشاشتۇرماسلىق، ئىستىلنى توغرىلاپ، ئىنتىزامنى چىڭىتىشتا توختاپ قالماسلىق، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، رەزىللىكنى جازالاشتا يۇمشاق قوللۇق قىلماسلىقتا چىڭ تۇرۇپ، بىر قولدا بۇلغۇنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى تۇتۇش، بىر قولدا پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسى ھەم ئۇنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ، «تۆت خاھىش»نى تۈزىتىش، تۈزەشنى قىلچە بوشاشتۇرماي، شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىقنىڭ پەيدا بولۇشى، يامرىشىنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى سىياسىي كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك.